
باتۇر ئوۋچى بالا

# باتۇر كىچىك ئوۋچى



مللەتلەر نەشرياتى

بيجىن- 1959

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## مەزمۇنى

كوپچىلىك نىمشكه بارانى «باتۇر ئوۋچى بالا»دەپ ئاتايدۇ؟ بۇ ھەقتە شۇنداق بىر ھېكايە بولغانكى: بىر يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەندە، ئۇ ئاغىنىسى چۇلى، يۇي مىلەر بىلەن ئوۋغا چىقىپ، چۈش بولىىچە ئىككى دانە بۇغا ئوۋلايدۇ. بۇ ئوۋ غېنىمەتنى كوتۇرۇپ خوشال-خۇرام ئويىگە قايتىپ كېلىۋېتىپ يولدا بىر ژىرتقۇچ ئېيىقا ئۇچراپ قالىدۇ. بۇ ئېيىق ھەر خىل چارىلار بىلەن ئۇلارنى يېۋەتمەكچى بولىدۇ، ئەمما بارا چىچەن ھەم باتۇرلۇق بىلەن دەرەخكە يارمىشىپ چىقىۋېلىپ، ئېيىقنى ئورىگە مەلىكە قىلىدۇ. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يۇي مى، چۇلىلەر كەنتكە سالامەت قېچىپ بېرىپ خەۋەر قىلىدۇ، نېتىجىدە ئېيىق كوپچىلىك تەرىپىدىن ئولتۇرۇلىدۇ. شۇندىن كېيىن كوپچىلىك ئۇنى «باتۇرئوۋچى بالا» دەپ ئاتايدۇ.

كىچىك دوستلار! بارا ياغۇز باتۇر، چىچەن ئوۋچى بالا بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ ئەڭ خەتەرلىك ۋاختلاردا ئۆزىنىڭ دوستلىرى ئۇچۇن ئوزجېنىنى قۇربان بېرىشتىن يانمىغان، بۇنىمدىگەن سۆيۈملۈك بالا!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى



يەكشەنبە كۈنى تاڭ سەھەردە بارا، چۇلي ۋەيۈي ميلار ئوۋ
مىلتىغى ۋە تورلىرىنى ئېلىپ كەنتتىن چىقىپ ئاستا ئوۋغا ماڭدى.



ئۇلار پاراڭ بلەن ژۇرۇپ بردەمدىلا ئورمانلققا يېتىپ كەلدى. ئورمانلقتا نەگىلا قارسا توپ-توپ مايمۇنلار، تېيىنلار بار ئىدى، ياۋاگۇللەر دەرەختن-دەرەخكە يامشىپ بوك باراخسانلق ھاسل قلغان ئىدى.

www.uyghurkitap.com



بارا تۇيۇقسىزلا «ھۇي» دەپ قويۇپ، يۇي مىينى قورقۇ-
تۇۋەتتى. ئەسلى ئۇ ئىككى بۇغىنى كورگەن ئىدى.



ھەممۇيلەن بەك خوش بولۇشۇپ كەتتى. چۇلې مىلتىغىنى قولىغا ئېلىپ زوڭزۇيۇپ ئولتۇرۇپ ئاتماقچى بولغان ئىدى، بارا دەرھال توسۇۋېلىپ: «ئالدىرىما، مېنىڭ كوماندىرلىغىمغا قارا!» دېدى.



www.uyghurkitap.com

بارا موگگۇز سۇناي بىلەن تورنى ئېلىپ، يۇي مېيفا: «سەن، بۇيەردە قال، بىز چۇلي بىلەن ئىككىمىز غەربىي تەرەپكە بېرىپ تور قويايلى، ئېسىڭدە بولسۇن، سۇنايىنىڭ ئاۋازى چىقمىغۇنچە پەقەت ئوق چىقارما!» دېدى-دە، ئىككىسى ئاستا غەربىي تەرەپتىكى تاغ ئېتىكىگە قاراپ ماڭدى.



ئۇلار بۇغىغا يېقىن بىر جايغا بېرىپ تورۇقۇيدى، چۇلپ بۇغىنى قارىغا ئالدى. بارا كۇچىنىڭ بېرىچە سۇنايىنى چالدى.


ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۇتلاۋاتقان بۇغىلار سۇنايىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ چۇچىدى.
دەل بۇچاغدا، مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى - دە، بۇغىنىڭ بەرسى
ژىقىلىپ پۇتى ئاسمانغا بولۇپ تىپىرلاپ قالدى.



بۇغىنىـڭ يەنە بىرسى قورقۇنۇچلىقتا ھەرتەرەپكە ئوسۇپ
بىقىپ ئاقىۋەت تورغا چۇشۇپ قالغان ئىدى، بارا دەرھال قولىغا
كالتەكنى ئېلىپ بىرنى قويۇپ ژىقىتىۋالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى ئىچى-ئىچىگە پاتماي ۋاقىرىشىپ كەتتى، قول-قولىغا تەگمەستىن بۇغىنى باغلىدى.



بارا بىر بۇغىنى كوتەردى، يۈي مى بىلەن چۈلي ئىك-
كىسى بىرنى كوتۈرۈپ خوشال - خۇرام ئۆيگە قاراپ ماڭدى.



www.uyghurkitap.com

ئۇلار چاقچاق بىلەن مېڭىپ بىردەمدىلا دەريا بويىغا يېقىن كېلىپ قالدى. بۇچاغدا يوي مىي تۇيۇقسىزدىنلا: «قارا! ئۇ قانتىكى نىمە؟» — دەپ ۋاقىرىۋىدى، باشقىلار يوي مىينىڭ كورسەتكەن تەرىپىگە قارىدى. ئۇتەرەپتە بىر ئېيىق لاغايلاپ دەريا تەرەپكە كېلىۋاتقان ئىدى.



يۇى مىي قورقىنىدىن: «ئىم!......ئەمدى قانداق قىلىـ
مىز؟ ...مۇكۇۋالايلـى!» دەپ ئېيتتى. بارا بىلەن چۇلپىمۇ بىر ئاز
ھۇدۇقۇپ قالدى، ئەمما ئۇلار يوي مىيگە تەسەللى بېرىپ: «كېـ
رەك يوق، قورقما!» دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



بارا ئاستا: «يىگىتلار، پاراڭ سالماڭلار، ئېيىق بىزنى تېخى كۆرمىدى! مىلتىقنى بەتلەپ قويۇڭلار، كېلىپ قالسا راسا تۇتۇشايلى!» دېدى.



ئۈچىلىسى يېتىپ ئۇقاتتىكى ئېيىقنىڭ ھەركەتلىرىگە چە-
چەنلىك بىلەن نەزەرسېلىپ تۇردى. ئېيىق ئۇقاتتا ئۇيەر-بۇيەرنى
ژىلداپ ئاستا مېڭىپ ژۈرەتتى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى www.uyghurkitap.com

ئېيىق تۇيۇقسىزلا بېشىنى كوتۈرۈپ ئورمانلىقتا برنىمىنى كورگەندەك قىلدى - دە، كېلەڭسىز بويى بىلەن لاغايلاپ كېلىپ دەرياغا سەكرىدى.



چۇلى : «يامان بولدى! ئېيىق بۇ قاتقا ئۆتۈپ كېلىۋا-
تىدۇ، يەنە بىردەم تۇرساق قاچالمايمىز! ئەمدى نەگە قاچارمىز،
ئەتراپتا يوشۇرۇنغىدەك يەرمۇ بولمىسا» دېۋىدى، بارا دەريانىڭ
بويىدىكى چوڭ بىر تاشنى كوردى-دە، ئۇچىسى شۇياققا ئومۇ-
لەپ ماڭدى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئۈچەيلەن ئاران تەسلىكتە ئۆمۈلەپ يېرىپ تاشنىڭ ئارقىسىغا مۆكۈۋالدى، بۇچاغدا، ئېيىق دەريانىڭ قىرغىقىغا چىقىپ ھېلىقى ئىككى بوغىنى كوردى.



ئېيىق ھېلىقى ئىككى ئولۇك بۇغىنى ئۇياق - بۇياققا ئو-
رۇپ پۇراپ باقتى - دە، خۇددى بىرنىمنى كورگەندەك قىلىپ
تاش تەرەپكە قاراپ ماڭدى، بۇ چاغدا باللار راسا قورقۇشتى،
چۇلي قولىغا مىلتىقنى ئېلىپ: «تۇتۇشايلى!» دېۋىدى، بارا
دەرھاللا: «ئۇنداق قىلما، يۇي مىي قورقۇپ كېتىدۇ» دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ئۇئەتراپقا شۇنداق بىر قارىۋىدى، تاشنىڭ ئالدىدا، ئوڭ تەرەپتە بىر نەچچە توپ دەرەخنى كۆرۈپ قالدى-دە، ھەمراھلىرىغا: «مانا ئەمدى چارە تېپىلدى، مەن دەرەخكە يارمىشىپ چىقالايمەن، مەن دەرەخكە چىقىپ ئېيىقنى مەلىكە قىلىپ تۇراي، سىلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كەنتكە قېچىپ بېرىپ خەۋەر قىلىڭلار» دېدى.



ئەمما چۇلپ بىلەن يۇي مىي، بارانىڭ مۇنداق قىلىشىغا قوشۇلمىدى. مۇنداق خەۋپلىك ۋاختتا ئوزدوستلىرى بىلەن كارى بولماي تاشلاپ قويغىلى بولامدۇ؟ يۇي مىينىڭ كوزىگە ياش تولدى، ئۇ بارانىڭ پېشىگە ئېسىلىپ تۇرۇپ: «چاپسان بول، قاچايلى!...» دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



بارا: «بولمايدۇ، ئېيىق بىزدىن تېز ژۈگۈرۈدۇ! مېنىڭ بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن، چاپسان قېچىڭلار! قاچمىساڭلار ئولۇمىز!» دەپ ئۇلارنى ھايدىدى.



ئېيىق بالىلارغا خېلى يېقىن كېلىپ قالدى. بۇچاغدا
بارا، يۇي مەي بىلەن چۇلپىنىڭ نىسھىتىگە قاردىماستىن دەرەخكە
يامىشىپ چىقىش ئۈچۈن ژۈگۈردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ئېيىق تاشنىڭ ئارقىسىدىن چىققان ئادەمنى كورۇپ
قوغلىدى.



بارا ئېيىقنىڭ تاش تەرەپكە بېرىپ قىلىشىدىن قورقۇپ،
«تاڭ» قىلىپ ئېيىققا بىر پاي ئوق ئاتتى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئوق تەگمىدى، ئېيىق غەزەپلىنىپ بارا تەرەپكە قاراپ غالجىرلارچە ئېتىلدى. بۇ چاغدا بارا دەرەخنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈ-ۋالغان ئىدى.



ئېيىقنىڭ ئېتىلىشى بىكارغا كەتتى. بارا تەلۋە
ئېيىق ئورۇلۇپ قارىغىچە بىر پاي ئوق ئېتىۋدى،
ئوق ئېيىقنىڭ يېنىنى سىلاپ ئوتۇپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئېيىق غالجىرلاشقانسىرى ۋاقىراشقا باشلىدى، ئامما ئۇ
ئورۇلۇپ قارىغىچە، بارا خۇددى مايمۇندەك دەرەخنىڭ قاپ
بېلىگە چىقىپ بولدى.



چۇلي بلەن يۈي ميلار بارادىن ئەنسىرىدى. چۇلي
قولغا ملتقنى ئېلىپ ئېيىققا قارىتىپ ئاتتى.


ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

چۇاڭ ئىككىنچى پايى ئۇقنى ئاتماقچى بولغان ئىدى، ئەمما يۇي مېي ئۇنى توسۇپ: «ئاتما! باراغا تېگىپ كەتسە قانداق قىلىسەن؟ ......قارا، بارا دەرەخكە يامىشىپ چىقىپ بوپتۇ!» — دېدى.



بارانىڭ دەرەخكە چىقىۋالغانلىقىنى كورگەن ئېيىق، دەرەخكە يامىشىپ بېقىپ، كىلەڭسىز تەنلىرى بىلەن ئاران بىر گەزچە ژۇقۇرىغا چىقىۋىدى، بارا بىر پاي ئوق بىلەن چۇشۇرۇۋەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



بارا ئېيىقنىڭ ژىقىلغانلىقىدىن پايدىلىنىپ يەنە بىر نەچچە پاي ئوق ئاتماقچى بولغان ئىدى، ئەمما يېنىنى ئاختۇرسا ئوق تۈگەپ كېتىپتۇ!



بۇچاغدا يۇي‌مىي بىلەن چۇلىلار بارانىڭ ئېيىقتىن قوتۇلۇپ دەرەخكە چىقىۋالغانلىقىنى كورۇپ، خەۋەر يەتكۇزۇش ئۇچۇن كەنتكە قاراپ ژۇگۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئېيىق يەرگە ژۇمۇلاپ كېتىپ يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇي مې بىلەن چۇلپىلارنىڭ قاچقان تەرىپىگە كوزلىرىنى ئالايتىپ غەزنۇي بىلەن قاردى، بۇچاغدا ئۇلارنى ئېيىق قوغلاپ قالارمىكى، دەپ قورققان بارا، دەرھال دەرەخنىڭ شاخلىرىنى تاشلاپ ئېيىقنى مەلىكە قىلىپ تۇردى.



ئېيىق تېخىمۇ غەزەپلىنىپ، ۋاقىرىۋېتىپ بارانى چوشۇرۇش ئۈچۈن دەرەخكە ئېسىلىپ كۈچىنىڭ بىرىچە دەرەخنى لىڭشىتتى. ئەمما دەرەخ ھەر قانچە لىڭشىتىلغان بولسىمۇ، بارا دەرەخكە كاندەك چاپلىشىپ تۇردى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى كۇتۇپخانىسى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

ئېيىق ھەقىقەتەن كۈچلۈك ئىدى، بارا بىر ئازقۇرقتى.
ئەمما قورقۇشنىڭ نېمە پايدىسى بار! ئۇدەرەخكە مەككەم ئېسىلىپ تۇرۇپ باشقا بىر چارە ئويلىدى.



بارا ئاخىرى بىر چارە ئويلاپ چىقتى. ئۇ مىلتىقنى بىر
شاخقا ئىلىپ قويۇپ، ئۆزى باشقا بىر دەرەخكە يارمىشىپ چىق-
ماقچى بولدى. ئەمما مىلتىقنى پۇختا ئاسمىغانلىقتىن، ئېيىق
دەرەخنى لىڭشىتىپ مىلتىقنى چۈشۈرۈۋەتتى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



مىلتىق ئاجايىپ بىر ئاۋاز بىلەن يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئېيىق بۇنى پۇراشقا كىرىشتى. بارا بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چاققانلىق بىلەن ياندىكى بىر دەرەخكە چىقىۋالدى.



ئېيىق بېشىنى كوتەرگىچە بارا باشقا بىر چوڭ دەرەخنىڭ
ئۇچىغا چىقىۋالغان ئىدى. ئېيىق بۇنى لىگشتاي دېسىمۇ، ئەمما
دەرەخ چوڭ بولغانلىقتىن كۇچى يەتمىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



يۇي مي بلەن چۇلبلار دەريادن ئوتكەن پيتى بارانى قوتقۇزۇش ھەققدە چوڭ كشلەرگە خەۋەر قلدى. ئېتزدا ئش- لەۋاتقان كشلەر بر ۋەقە پەيدا بولغانلقنى ئاڭلاپ كەتمەن- ئوتۇغۇچلرنى كوتۇرۇشۇپ ئورمانلققا ژۇگورۇشتى.



چوڭ كشلەر دەريادن ئوتوۋاتقاندا، ئېيق تېخى
دەرەخ تۆۋدە ئايلنىپ تۇراتتى، چوڭلار كېلش بلەن تەڭ ئېيق
قېچشقا باشلدى. ئېيق قېچپ ئۇنچە ژراققا بارمغان ئدى،
خەلقلەر ئۇنى ئولتۇردى.



يۈي مەسي، چۈلي ۋە بىر مۇنچە چوڭ كىشىلەرنىڭ
قوتقۇزۇش ئۈچۈن كەلگەنلىگىنى كۆرگەن بارا، خۇشاللىقىدا
دەرەختىن سىرىلىپ چۈشتى. شۇندىن باشلاپ كۆپچىلىك بۇنى
«باتۇر ئوۋچى بالا» دەپ ئاتاشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بۇ كىتاپ جاۋخۋا سەنئەت نەشرىياتى تەرىپىدىن 1957-
ژىلى يانۋاردا بېيجىندە نەشر قىلىنغان بىرىنچى نەشرى بىرىنچى
باسمىسىدىن تەرجىمە قىلىندى.

本書根据朝花美术出版社1957年 1 月北京第一版一次印刷版本譯出

باتۇر ئوۋچى بالا

---

ئاۋتورى: ئۇگۇاڭتيەن.

رەسسام: موگىنيۇەن.

باھاسى: 0.14 يۇەن.

www.uyghurkitap.com

書號：1722(4)395

勇敢的小獵手

（維吾尔文）

吳光天原著

盧济恩　改編

莫更原　絵

民族出版社翻譯出版

地址：北京國子監特54號

北京市書刊出版業營業許可證出字第047號

中央民族印刷厂排版

北京市印刷四厂印刷

新华書店发行

---

1959年9月北京第一版

1959年9月北京第一次印刷

787耗×1092耗1/48　印張 11/12

印數：1—4.000冊　定價：一角四分

統一書号：MR8049·維123